## 3093 ـ مۇسۇلمان بولغاندىن كېيىن ھەج قىلىش ئۈچۈن ئىسمىنى ئۆزگەرتىش كېرەك بولامدۇ؟

**سۇئال**

مەن يېقىندا مۇسۇلمان بولدۇم، پەرز ھەجنى ئادا قىلىشقا بېرىشنى مەقسەت قىلىۋاتىمەن، ئاڭلىشىمچە ؛ مەن ئۆزۈمنىڭ ئىلگىرىكى خرىستىئانچە ئىسمىمنى ئىسلامى بىر ئىسىمغا ئۆزگەرتمىسەم ھەج ئىبادىتىمنى ئادا قىلالمايدىكەنمەن، بۇ توغرىمۇ؟، مەن كىملىك، نوپۇس دەپتىرى ۋە پاسپۇرتتىن تارتىپ بارلىق بەلگىلىرىمدىن ئىسمىمنى ئۆزگەرتىشىم كېرەك بولامدۇ؟. بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى سورايمەن.

**تەپسىلى جاۋاپ**

شەرئى تەرەپتىن: ئىسىمدە شەرئى چەكلىمە بولمايدىكەن ھەج-ئۆمرىنىڭ توغرا بولىشىنىڭ ئىسىم بىلەن ئالاقىسى يوق، شۇڭا ئۈچۈن سىز كىملىك، نوپۇس دەپتىرى ۋە پاسپورت قاتارلىق رەسمى بەلگىلەردە ئۆزىڭىزنىڭ ئەسلى ئىسمىنى ئىشلىتىپ، ئۆزىڭىزگە مەنىسى گۈزەل بولغان چىرايلىق بىر ئىسىم قويىۋالسىڭىز بولىدۇ، بۇنداق قىلىش ياخشىدۇر.

رەسمىيەت تەرەپتىن: سىز ھەجگە بېرىش ئۈچۈن ۋىزا قويدۇرغىلى ئەرەبىستان باش ئەلچىلىككە بارىدىغاندا، سىز تۇرىۋاتقان يېرىڭىزدىكى ئىسلام مەركىزىگە بېرىپ ئۆزىڭىزنىڭ مۇسۇلمان بولغانلىقىڭىزنى ئىسپاتلايدىغان گۇۋاھلىق قەغىزى ئېلىۋالسىڭىز، ئاللاھنىڭ ئىزنى بىلەن ھەجگە بېرىش يولىدا ھېچقانداق قىيىنچىلىققا ئۇچرىمايسىز. شۇڭا بىلەن بىرگە بىرەر مۇسۇلمان بىلەن بىرلىكتە ھەج-ئۆمرە ئىبادىتىنى ئادا قىلىشقا تىرىشچانلىق قىلىڭ.

ئاللاھ تائالا ياخشىلىققا مۇۋەپپەق قىلغۇچىدۇر.